# يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ماس ئالغا سىلجىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا پەن ـ تېخنىكا تىرەكى بىلەن تەمىنلەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەكشۈرۈش تەجرىبە دورىسىنى تېزدىن تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئېھتىياجىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى، يۇقۇمنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرگىلى بولۇش، دىياگنوز قويغىلى بولۇش، ئالدىنى ئالغىلى بولۇش، داۋالىغىلى بولۇش، تىزگىنلىگىلى بولۇش جەھەتلەردە كۈچنى بىرىكتۈرۈپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بۇ مەيدان قاتتىق جەڭنى قىلىش ئارقىلىق، تېخىمۇ كۆپ مۇستەقىل بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە يادرولۇق پەن ـ تېخنىكىلارنى ئىگىلەپ، تېخىمۇ كۈچلۈك، يادرولۇق مەھسۇلاتلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك خەۋپسىزلىكىنى قوغداش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ ھەربىي تىببىي ئىلىم تەتقىقات يۇرتىدىن ئايرىلىپ، چىڭخۇا داشۆسى تىببىي شۆيۈەنىگە كېلىپ كۆزدىن كەچۈردى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يەر شارىۋى ساغلاملىق ۋە يۇقۇملۇق كېسەل تەتقىقات مەركىزى، بىيوتىبابەت تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تېخنىكىسى ۋە ئۈسكۈنىلىرى بېيجىڭ تەجرىبىخانىسىغا كىرىپ، مۇتەخەسسىسلەردىن دورا تەتقىق قىلىپ ئېچىشتا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ۋە يېڭى تىپتىكى تەكشۈرۈش تەجرىبە دورىسى، تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش، قوللىنىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى ھەم ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئېنزىم بىرلەشمە ئىممۇنىتېت يېتىشتۈرۈش تەجرىبىسىنى كۆردى. شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشىدە ئىككى سەپ بار، بىرى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئالدىنقى سېپى، يەنە بىرى، پەن تەتقىقات ۋە ماددىي ئەشيا ئىشلەپچىقىرىش سېپى، ئىككى سەپ ئۆزئارا ماسلىشىشى، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىشى كېرەك. شى جىنپىڭ ئۇلاردىن ئالدىنقى سەپ بىلەن ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، قابىل كۈچلەرنى تەشكىللەپ، جەددىي ئىشنى جەددىي بېجىرىپ، يېڭى تىپتىكى تەكشۈرۈش تەجرىبە دورىلىرى، ئانتىتېلا دورىلىرى، ۋاكسىنا ۋە داۋالاش لايىھەسى قاتارلىقلاردا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى تېز ئالغا سىلجىتىشنى ئۈمىد قىلدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دۆلىتىمىز 1 مىليارد 400 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسى بار چوڭ دۆلەت، ئېغىر، زور يۇقۇم ۋە ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش بىز باشتىن ـ ئاخىر بىر دەممۇ بوشاشتۇرۇپ قويساق بولمايدىغان زور ئىش. دۆلەتنىڭ ئېغىر، زور يۇقۇمنى نازارەت قىلىش، تىزگىنلەش تورىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، قانۇن ـ نىزام سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئالدىنقى قاتاردىكى تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە كامالەتكە يەتكەن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى تېزدىن ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئارقىدىن، شى جىنپىڭ چىڭخۇا داشۆسى تىببىي شۆيۈەنىدە سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، پەن ـ تېخنىكا مىنىستىرلىقىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە دورا ۋە ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش خىزمىتى توغرىسىدىكى، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ ئۈنۈملۈك كىلىنىكىدا قوللىنىش تەجرىبىسى ۋە ئۈنۈملۈك داۋالاش لايىھەسى خۇلاسىلەش، كېڭەيتىش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەت پەن ـ تېخنىكا سېپىدىكىلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشتى، ئالاقىدار تارماقلار پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، كىلىنىكىلىق قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ۋە دورا، ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تېخنىكىسى ۋە مەھسۇلاتى، ۋىرۇس پاتولوگىيەسى ۋە تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى، ھايۋانات مودېلى قۇرۇلمىسى قاتارلىق بەش چوڭ ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشىنى بېكىتىپ، پەن ھالقىغان، ساھە ھالقىغان پەن تەتقىقات كوللېكتىپىنى تەشكىللىدى، پەن تەتقىقات، كىلىنىكا، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئالدىنقى سېپى ئۆزئارا ماسلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقاتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەر زىچ ماسلىشىپ، قىسقىغىنا بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئاكتىپ ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچلۈك پەن ـ تېخنىكا تىرەكى بىلەن تەمىنلىدى. بۇ مەيدان مۇھىم، زور كۈرەشتە، كەڭ پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرى جان تىكىپ ئېلىشىش، ئۆزىنى بېغىشلاش ئېسىل ئىستىلىنى، ئېھتىياتچان، ئەمەلىيەتچىل بولۇش كەسىپ روھىنى تولۇق نامايان قىلدى. ھازىر، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جەڭ، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن يەنە جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالغا يۈزلەنگەنسېرى، ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق جاۋاب تېپىش، ئۇسۇل تېپىشتا شۇنچە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئاغرىقلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش نۆۋەتتىكى جەددىي ئورۇنداشقا تېگىشلىك ۋەزىپە، مۇھىمنىڭ مۇھىمى، دورا، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش بىلەن كىلىنىكىلىق قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ھەققىي تۈردە داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش، كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. پەن تەتقىقاتتا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق ئالدىنقى سەپتىكى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا تىرەك بولۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىش ئورۇنلاشتۇرمىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كىلىنىكىلىق تەتقىقات بىلەن كىلىنىكىلىق قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى ماسلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كىلىنىكىلىق ئالدىنقى سەپكە تېخىمۇ كۆپ مايىللاشتۇرۇش كېرەك. دورا تەتقىق قىلىپ ئېچىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈش، جۇڭيى تېبابىتى دورىلىرى بىلەن غەرب تېبابىتى دورىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، تەتقىق قىلىپ ئېچىلغان ۋە تاللانغان ئۈنۈملۈك دورىلارنى تېزدىن ئومۇملاشتۇرۇش ۋە قوللىنىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئالدىنقى سەپنىڭ قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئېھتىياجىغا ئاساسەن يەنە بىر تۈركۈم ئۈنۈملۈك داۋالاش دورىلىرىنى تاللاپ، يېڭى داۋالاش ۋاستىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئەڭ زور ئىمكانىيەت بىلەن يېنىك ئاغرىقلارنىڭ ئېغىر ئاغرىقلارغا ئۆزگىرىپ كېتىشىنى توسۇش كېرەك. ئەسلىگە كېلىش مەزگىلىدە قان پىلازمىسى، غول ھۈجەيرە، يەككە كلونلۇق ئانتىتېلانى قوللىنىش قاتارلىق ئىلغار داۋالاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق، ئېغىر ئاغرىق، خەتەرلىك ئېغىر ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ۋاكسىنا ساغلام كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدىغان ئالاھىدە مەھسۇلات بولۇش سۈپىتى بىلەن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە ئىنتايىن مۇھىم، بىخەتەرلىككە قويۇلىدىغان تەلەپمۇ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ھازىر بار بولغان كۆپ خىل تېخنىكا لىنىيەسىنىڭ ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، چەت ئەلنىڭ تەتقىق قىلىپ ئېچىش ئىلگىرىلىشىگە يېقىندىن ئىز قوغلاپ دىققەت قىلىپ، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ۋاكسىنىنىڭ كلىنىكىدا سىناق قىلىنىشى ۋە بازارغا سېلىنىپ ئىشلىتىلىشىگە بالدۇرراق تۈرتكە بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش بىلەن كەسپلەشتۈرۈش زەنجىرىنى ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كارخانا ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، ئىشلەپچىقىرىش ـ ئوقۇتۇش ـ تەتقىقات بىرلەشتۈرۈلگەن ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە كەسپلەشتۈرۈش سىستېمىسىنى تېز بەرپا قىلىپ، دۆلەت ۋاكسىنا زاپاس ساقلاش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئۈچۈن ياخشى، ئەتراپلىق تەييارلىق كۆرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ۋىرۇس مەنبەسىنى ئىزدەش ھەم ئۇنىڭ تارقىلىش يوللىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ تەتقىق قىلىپ، ۋىرۇس ئاقسىلى بىلەن ئوخشاش بولمىغان قوبۇل قىلغۇچى تەنچىنىڭ بىرىكىش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، گۇمانلىق ھايۋانلارنىڭ ئارىلىق پارازىت ئىگىسى بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى باھالاپ، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، چوڭ سانلىق مەلۇمات قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىپ، تارقىلىشچان كېسەل ئىلمى ۋە مەنبەسىنى ئىزدەش تەكشۈرۈشىنى قانات يايدۇرۇپ، كېسەل مەنبەسىنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكى، قاياققا يۈزلىنىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ، دەللىك دەرىجىسى ۋە تاللاپ تەكشۈرۈش ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئاغرىقلارنىڭ پىسخىك ساغلاملىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەلۇم جەريان كېتىدۇ، ئۆيىدە ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقان نۇرغۇن ئاممىدا ۋاقىت ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ھەر خىل پىسخىكىلىق مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ، كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىمۇ پىسخىك جەھەتتىن يېتەكلەشكە موھتاج. ئۇلارنىڭ پىسخىك ساغلاملىقىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر تەرەپتىكى كۈچلەرنى پىسخىك جەھەتتىن يېتەكلەش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىشكە سەپەرۋەر قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئېغىر، زور يۇقۇملۇق كېسەل ۋە بىيولوگىيە بىخەتەرلىكى خەۋپ ـ خەتىرى دۆلەت خەۋپسىزلىكى ۋە تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىس. بىيولوگىيە بىخەتەرلىكىنى دۆلەت ئومۇمىي خەۋپسىزلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىپ، ئادەتتىكى مەزگىل بىلەن جەڭ مەزگىلىنى بىرلەشتۈرۈش، ئالدىنى ئېلىش بىلەن جەددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، پەن تەتقىقاتى بىلەن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئاممىۋى سەھىيە پەن تەتقىقاتىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەرقايسى تەرەپلەردىكى پەن تەتقىقات كۈچلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، سىستېمىلاشقان تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاش ۋە ئالدىن كۆرەرلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بويىچە ئالدىن سىگنال بېرىش، ئالدىن كۆزىتىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇچۇرلارنى دەل ۋاقتىدا ئۈنۈملۈك ئىگىلەپ، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى دەل ۋاقتىدا قوللىنىش كېرەك. يۇقۇم يامراپ جەددىي ھالەتكە ئۆتكەندىن كېيىنكى پەن تەتقىقاتتا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قوماندانلىق قىلىش، ھەرىكەتكە كېلىش، كاپالەتلەندۈرۈش سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ ئورنىتىپ، ئادەتتىكى مەزگىلدە جەددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ھەرىكەت كۆرسەتمىسىنى ياخشى تەييارلاپ، جەددىي ئەھۋال كۆرۈلگەندە تېز قوزغىتىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھاياتلىق بىخەتەرلىكى ۋە بىيولوگىيە بىخەتەرلىكى ساھەسىدىكى مۇھىم، زور پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى دۆلەتنىڭ مۇھىم قورالى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئاممىۋى سەھىيە جەددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش سىستېمىسى دۆلەت ئىستراتېگىيەسى سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا يېڭىچە پۈتۈن مەملىكەتتىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاھالە ساغلاملىقى، بىيولوگىيە بىخەتەرلىكى قاتارلىق ساھەلەردىكى پەن تەتقىقات كۈچلىرى ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، ھاياتلىق ئىلمى، بىيوتېخنىكا، تىببىي دورا ـ ساقلىقنى ساقلاش، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق ساھەلەردىكى دۆلەت نۇقتىلىق پەن تەتقىقات سىستېمىلىرىنى بىرىكتۈرۈپ، بىر تۈركۈم دۆلەت كىلىنىكىلىق تىببىي تەتقىقات مەركەزلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، سەھىيە ـ ساغلاملىق ساھەسىدىكى پەن ـ تېخنىكا سېلىنمىسىنى زورايتىپ، ھاياتلىق ئىلمى ساھەسىدىكى ئاساسىي تەتقىقات ۋە داۋالاش، ساغلاملىققا ئائىت ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئاممىۋى سەھىيە ساھەسىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پەن ـ تېخنىكا كۈچى ۋە ئىستراتېگىيەلىك زاپاس ساقلاش ئىقتىدارىنى تېزدىن ئۆستۈرۈش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ ئىلغار داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى كەمتۈكلۈكىنى تېزدىن تولۇقلاپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى تېزلىتىپ، تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى جەھەتتىكى بوغما ھالەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، ئىلغار داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى مۇستەقىل كونترول قىلالايدىغان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ياخشىلاش، يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى، جەمئىيەت پىسخىكا ساغلاملىقى، ئاممىۋى سەھىيە ئەسلىھەلىرى قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردىن خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش، بولۇپمۇ ياۋايى ھايۋانلارنى ئىستېمال قىلىشتەك ناچار ئادەتنى قەتئىي تۈزىتىش، مەدەنىي، ساغلام، يېشىل، مۇھىت ئاسرايدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكى ئىنسانلار دۇچ كەلگەن ئورتاق خىرىس، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قول تۇتۇشۇپ تاقابىل تۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ. ھازىر، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى كۆپ دۆلەتلەردە كۆرۈلدى، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى بىلەن ئالاقىلىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئالاقىدار دۆلەتلەر، بولۇپمۇ يۇقۇم كۆپ كۆرۈلگەن دۆلەتلەر بىلەن مەنبەنى ئىزدەش، تىببىي دورا، ۋاكسىنا، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەن تەتقىقات ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، پەن تەتقىقات سانلىق مەلۇماتلىرى ۋە ئۇچۇرلىرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىپ، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرىنى ئورتاق تەتقىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ قوشۇش كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ، لىيۇ خې، شۈ چىلياڭ، جاڭ يوۋشيا، سەي چى، شاۋ جيې ۋە پەن ـ تېخنىكا مىنىستىرلىقى، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىدىكى مەسئۇل يولداشلار ئالاقىدار پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىگىلىنىشىچە، بۇ قېتىمقى ئىئانە پۇل ئاساسلىقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە جەڭ قىلىۋاتقان تىببىي خادىملار، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئامما، جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرى ۋە مەھەللە خىزمەتچىلىرى قاتارلىقلاردىن ھال سوراشقا ئىشلىتىلىدىكەن، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ تۇرمۇشتا قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان ئامما ۋە يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ئاممىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىلىدىكەن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشىدە قۇربان بولغان كادىرلار، ئاممىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى قاتارلىقلاردىن ھال سورىلىدىكەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار دېھقانلار، ئاممىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە يېتەكلەش بىلەن بىللە، ئېتىز پەرۋىشىنى پائال قانات يايدۇرۇشى كېرەك؛ ھەرقايسى جايلار ئىلمىي بىرتۇتاش پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، جەنۇبىي ـ شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋە تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىشنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ياخشى تۇتۇشى، بولۇپمۇ ئەتىيازلىق پەرۋىش، ئەتىيازلىق تېرىشنى ياخشى تۇتۇشى، يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمىتى ۋە يېزا ئىگىلىكى ماشىنىلىرى مۇلازىمىتىنى تەشكىللەشنى ياخشى قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەرقايسى جايلار گوۋۇيۈەننىڭ بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمىدىكى «كۆك ـ تاق»قا شەھەر باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى چىڭ تۇتۇشنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مۇقىم ئىشلەپچىقىرىلىشى، تەمىنلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش تەلىپى بويىچە، ھازىرقى «كۆك ـ تاق» مەھسۇلاتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش سالمىقىنى زورايتىشى كېرەك؛ كارخانىلارنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئالاقىدار تەلەپلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، كەسىپ زەنجىرىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن ھالقىسىنى راۋانلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى نورمال ئىشلەپچىقىرىش، بازارغا سېلىشنى راۋانلاشتۇرۇپ، تەرتىپلىك تەمىنلەشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك؛ ھەققىي تۈردە يېزا ئىگىلىكىدە ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك. بۇ يىل باش ئەتىيازدىن بۇيان تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشى تېز بولۇۋاتىدۇ، مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، رايون خاراكتېرلىك، باسقۇچلۇق ناچار ھاۋا رايىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى يۇقىرى بولىدىكەن، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك يۇقۇملۇق كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بېسىمى زور بولىدىكەن، ھەرقايسى جايلار تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقىنى بالدۇرراق ياخشى ئىشلىشى كېرەك؛ سىياسەت ئارقىلىق يۆلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك. يۇقۇم ئالدىدا، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ياردەم بېرىپ، مۇلازىمەتنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان، كەسىپكە پايدىلىق تۈرلۈك تەدبىرلەردىن تولۇق، ياخشى پايدىلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى قوللىدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كەڭ پارتىيە ئەزالىرىغا چاقىرغان چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، شى جىنپىڭ قاتارلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىدىكى يولداشلار يېقىندا يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى قوللاش ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلدى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ باشقا رەھبىرىي يولداشلىرى ھەمدە رەھبەرلىك ۋەزىپىسىدىن چېكىنگەن پېشقەدەم يولداشلارمۇ باشلامچىلىق بىلەن پۇل ئىئانە قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە جەڭ قىلىۋاتقان تىببىي خادىملار، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئامما، جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرى ۋە مەھەللە خىزمەتچىلىرى قاتارلىقلارغا بولغان سەممىي غەمخورلۇقىنى ئىپادىلەپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى جاپادىن قورقماي، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جەڭ، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە جاسارەت بىلەن غەلىبە قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى.

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى، ھەرقايسى ئورۇنلىرىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن پارتىيە ئەزالىرىنى ئىختىيارىي پۇل ئىئانە قىلىش، مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈشكە تەشكىللەپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى قوللىدى. پۇل ئىئانە قىلىشقا قاتناشقان مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا رەھبىرىي كادىرلار بار، ئادەتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرمۇ بار؛ دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم يولداشلار بار، ئەمدىلا خىزمەتكە قاتناشقان ياشلارمۇ بار. بەزى يولداشلار ئۆيىدە ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال تېلېفون، تور قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق خىزمەتداشلىرىغا ئۆزىگە ۋاكالىتەن پۇل ئىئانە قىلىشنى ھاۋالە قىلدى؛ بەزى يولداشلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرى بۇ قېتىمقى يۇقۇمدا كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولسىمۇ، يەنىلا پۇل ئىئانە قىلىشقا ئاكتىپ قاتناشتى؛ بەزى يولداشلارنىڭ تۇرمۇشى باياشات بولمىسىمۇ، يەنىلا قىلچە ئىككىلەنمەي پۇل چىقاردى. چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق ھەرقايسى ئاپپاراتلاردىكى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارمۇ بەس ـ بەستە ياردەم قولىنى سۇنۇپ، باشقا دۆلەتتىكى ياقا يۇرتتا دۆلەت ئىچىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۈچۈن مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزدى. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولغاچقا، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەنىڭ شەخسىيەتسىز ياردىمى بولغاچقا، خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بولغاچقا، بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ مەيدان قاتتىق جەڭدە چوقۇم غەلىبە قىلالايمىز.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

فۇكاڭ شەھىرىنىڭ چىگگوەن بازىرى چېگىبىي كەنتى شەھەر ئەتراپى كەنتى بولۇپ، تېرىلغۇ يېرى ئاز ئىدى، بۇ كەنت ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكتىن ساقلىنىپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك پارنىك كۆكتات تېرىقچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇپ، شەھەرنىڭ كۆكتات تەمىناتىنى قاندۇردى، ھازىر پارنىكنى 41گە يەتكۈزدى. چىگگوەن بازىرىدا يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشمۇ ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئىگىلىنىشىچە، بۇ بازارنىڭ پۈتۈن يىللىق تۈرلۈك يېزا ئىگىلىكى زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 34 مىڭ 400 مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، كېيىن پىشىدىغان پەمىدۇر ۋەكىللىكىدىكى يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىقتىسادىي زىرائەت كۆلىمىلا 24 مىڭ 700 موغا يېتىدىكەن.

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى يېزا خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى گو خۇەيېن مۇنداق تونۇشتۇردى: سانجى ئوبلاستى بۇ يىل «ئاشلىقنى مۇقىملاشتۇرۇش، كېۋەز سورتىنى ياخشىلاش، خاس كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈش» پىكىر يولى بويىچە، يېزا ئىگىلىك ئىچكى تېرىلغۇ قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، تەڭشەپ، دېھقانلارنى زاكازلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا پائال يېتەكلەپ، ئاشلىق ۋە مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەشنى كاپالەتلەندۈردى.

## بالدۇر تەييارلىق كۆرۈلۈپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشى تېخىمۇ پۇختا قىلىندى

ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار ئىلمىي بىرتۇتاش پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش بىلەن بىللە، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋە تېرىلغۇ تەييارلىقىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتتى.

2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، چوڭ ئۆستەڭدىن ئېقىپ كەلگەن سۇ قومۇل شەھىرىنىڭ ئىۋىرغول رايونى بوغاز يېزىسىدىكى سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ كىرىش ئېغىزىدىن سۇ ئامبىرىغا ئېقىپ كىردى.

بوغاز يېزىسى يازلىق قوغۇن ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ، تېرىلغۇ كۆلىمى 14 مىڭ 500 مو، بۇنىڭ ئىچىدە تېمىتىپ سۇغىرىش كۆلىمى 11 مىڭ 500 مو، ئادەتتىكى سۇغىرىش كۆلىمى 3000 مو. سۇغىرىش مەزگىلى 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە بولۇپ، يىللىق سۇ ئىشلىتىش مىقدارى 8 مىليون 200 مىڭ كۇب مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

ئىۋىرغول رايونلۇق سۇچىلىق ئىدارىسى سۇ باشقۇرۇش باش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى ئەخمەت راخمان تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دېدى: «ھازىر بۇ سۇ ئامبىرىغا ھەر كۈنى كىرىدىغان سۇ مىقدارى سېكۇنتىغا 0.25 كۇب مېتىر بولۇپ، 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە زاپاس سۇ مىقدارىنىڭ 1 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى، بۇنىڭغا ئامباردىكى 1 مىليون 90 مىڭ كۇب مېتىر سۇنى قوشقاندا، بوغاز يېزىسىنىڭ ئېتىزلارنى تېرىشتىن بۇرۇنقى ئۇسا قىلىش ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ».

«مايسا ئېتىزنى ياخشى رەتلەپ، يەرنى چوقۇم تۈزلەپ، ئاندىن ئۇزۇقلۇق توپىسى ياتقۇزۇش كېرەك...» كېرىيە ناھىيەسىنىڭ كۆكيار يېزىسى تۆۋەن ئەگلە كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى مەتتۇرسۇن ھوشۇرنىڭ پارنىكىدا ماسكا تاقىۋالغان كەنت ئاھالىلىرى تېخنىكنىڭ يېتەكچىلىكىدە سەبدەرگۈل تېرىۋاتاتتى.

مەتتۇرسۇن ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە بولۇپ، كەنت مەخسۇس تېخنىك تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا سەبدەرگۈل تېرىشنى قولمۇقول ئۆگەتتى، تېخنىك ئۆگەتكەن ئۇسۇل بويىچە تېرىلغاچقا سەبدەرگۈلنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى بولدى.

«بۇ يىل قىش ئىللىق بولغاچقا، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنى كۆپ كۆرۈلدى، بۈرۈلتوقاي ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىكى خىزمەتچى خادىملار ئېتىز ـ ئېرىقلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىنى كۆزىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ناھىيە بۇ يىل 750 مىڭ مو يەردە تۇپراقنى ئۆلچەپ رېتسېپلىق ئوغۇتلاشنى يولغا قويۇپ، دېھقانلارنىڭ ھوسۇلنى ئاشۇرۇپ كىرىمنى كۆپەيتىشىگە كاپالەتلىك قىلىشنى پىلانلىدى» دېدى بۈرۈلتوقاي ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى جۇ چىڭفېڭ.

سانجى ئوبلاستىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىلىرى توردا زاكاز قىلىپ سېتىۋېلىش شەكلى ئارقىلىق، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا كېرەكلىك 600 دىن ئارتۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمىنىنى يىغىدىن سېتىۋالدى؛ ھازىر تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمىنى 11 مىڭ قېتىم تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىندى، يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن ئومۇميۈزلۈك تاماملىنىدۇ.

## بالدۇر تەدبىر قوللىنىلىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش كاپالەتكە ئىگە قىلىندى

قانداق قىلغاندا تېخىمۇ كۆپ دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ كەسىپ زەنجىرى قوشۇلما قىممەت پايدىسىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؟ باشلامچى كارخانىلار، دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك تىجارەت سۇبيېكتلىرى زاكازلىق يېزا ئىگىلىكى، پاي قوشۇپ پايدا تەقسىملەش، ۋاكالىتەن باشقۇرۇش مۇلازىمىتى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، تېخىمۇ كۆپ دېھقان ئائىلىلىرىنى يېزا ئىگىلىك كەسىپ زەنجىرىگە كىرگۈزۈپ، دېھقانلارنى تېخىمۇ كۆپ پايدىدىن بەھرىمەن قىلدۇ.

«بۇ يىل بىز چۈشۈرگەن زاكاز مىقدارى 6600 توننا ئەتراپىدا بولۇپ، قۇرۇق ئۈزۈم، قوغۇن، چىلان، كۆكتات قاتارلىق كۆپ تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مەيلى زاكاز مىقدارى جەھەتتە بولسۇن ياكى تۈر جەھەتتە بولسۇن ھەممىسى سەل ئاشتى.» 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، تۇرپان خوجوۋ مېۋىچىلىك پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى چېن خاۋشۇەن مۇنداق تونۇشتۇردى: زاكاز قىلىنغان مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىركەت سۈپەت تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش تارمىقى تەسىس قىلىپ، سورت تاللاشتىن ئۆستۈرۈشكىچە، يەنە پەرۋىش قىلىشقىچە پۈتۈن جەريانلىق ئىز قوغلاپ، خېرىدارلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن سورت دەرىجىسىنى ياخشىسىنىڭ ئىچىدىن ئەلالىرىنى تاللاپ، خېرىدارلارنىڭ رازى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردۇ. بۇلتۇر، بۇ شىركەت تەخمىنەن 70 توننا قوغۇن، 30 توننا ئۈزۈم ساتقان بولۇپ، بۇ يىل مېۋە ـ چېۋە، كۆكتات سېتىش مىقدارىنىڭ 3000 توننىغا يېتىشى مۆلچەرلىنىپتۇ.

«كۆپچىلىك ھەممىڭلار ئۈندىداردا بارمۇ؟ جاۋاب قايتۇرۇۋېتىڭلار، بۈگۈن مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىش بار» دېدى 2 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى سەھەردە، گۇچۇڭ ناھىيەسىنىڭ بەنجيېگوۋ بازىرى ياۋجەنزى كەنتى فېڭيۇ يېزا ئىگىلىك مۇلازىمەت كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى ئەزالىرىنىڭ ئۈندىدار توپىدا كەنت پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ياۋجەنزى كەنتى فېڭيۇ يېزا ئىگىلىك مۇلازىمەت كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كېڭەش باشلىقى تاڭ پېيكې. شۇ كۈنى كوپېراتىپ ئەزالىرى ئۈندىدار توپىدا يەر ئوبوروتى بويىچە پاي قوشۇپ تىجارەت قىلىش كېلىشىمى ئىمزالاش ئىشىنى مۇزاكىرە قىلدى.

تاڭ پېيكې مۇنداق تونۇشتۇردى: ھەمكارلىق كوپېراتىپى 2016 ـ يىلى قۇرۇلغان، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يېرى ئوبوروت قىلىپ پاي قوشۇش شەكلى ئارقىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ بىرتۇتاش تىجارەت قىلىشىغا مەركەزلەشتۈرۈلدى، ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىرتۇتاش سورت تاللاش، بىرتۇتاش تېرىش، بىرتۇتاش باشقۇرۇش، بىرتۇتاش يىغىش، بىرتۇتاش سېتىش ۋە پايغا قاراپ پايدا تەقسىملەش تىجارەت ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، ئاساسلىقى ئورگانىك بۇغداي تېرىشنى ئاساس قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە، ھەمكارلىق كوپېراتىپى شۇ كەنت ۋە ئەتراپتىكى كەنتلەرنىڭ 140 مىڭ مو يېرىنى ئوبوروت قىلدى، كوپېراتىپقا كىرگەن ئەزا 335 ئائىلىگە يەتتى. يېقىنقى ئىككى يىلدا، ھەمكارلىق كوپېراتىپى ئۇن زاۋۇتى ۋە كەسمە چۆپ زاۋۇتى قۇرۇپ، تاشتۈگمەن ئۇنى ۋە ئورگانىك كەسمە چۆپ پىششىقلاپ ئىشلىدى. چاغاندىن بۇيان، شىنجاڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى سودىگەرلەر بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش زاكاز تالونىدىن 100 نەچچىنى ئىمزالىدى، قىممىتى 20 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ.

يېقىنقى ئىككى كۈندە، بۈرۈلتوقاي ناھىيەسىنىڭ كۆكئاغاش يېزىسى جولتۇسكەن كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى جاڭ چېڭجېڭ ئۆيىگە خىمىيەۋى ئوغۇت توشۇۋاتاتتى، يېقىندا ئۇ سېتىش كارخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، 200 مولۇق ئاپتاپپەرەس زاكاز توختامى ئىمزالىغان بولۇپ، بۇ بىر نەچچە كۈندە يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرىنى غەملەش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. «10 ـ ئايدا سېتىش شىركىتى كېلىپ ئاپتاپپەرەسنى بىرتۇتاش سېتىۋالىدۇ، بۇلتۇرقى باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 200 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلغىلى بولىدۇ، بۇ يىل يەنە مول ھوسۇللۇق يىل بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى جاڭ چېڭجېڭ.

**(مۇخبىر رايىدە، قاتناشقان مۇخبىرلار لىيۇ يى، گې يوۋجۈن، جاڭ جىلى، دۇ جيەنخۇي، پەرىزات ئابدۇل، جاڭ تىڭ، جاڭ رۇيلىن)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)